## 217496 ـ ئەتتىگەن ۋە كەچتە ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر توغرىسىدا

### سوئال

ئەتتىگەن ۋە كەچتە ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر توغرىسىدا كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن، بۇ توپلام بىز ئۈچۈن كۈندە ئوقۇيدىغان ئەتتىگەنلىك ۋە كەچلىك زىكىرلەرنىڭ ئاساسى بولۇپ قالسۇن؟.

### تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەتتىگەن ۋە كەچتە ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر توغرىسىدا كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەردىن بىزگە توپلاش ئاسان بولغانلىرىنى تۆۋەندە زىكىر قىلىپ ئۆتىمىز:

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىستىغپارنىڭ ئەڭ كاتتىسى: ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مەندىن ئالغان ئەھدەڭ ۋە ۋەدەڭنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن، ساڭا سېغىنىپ ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، ماڭا ئاتا قىلغان نېئمىتىڭنى تونۇيمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن، ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن باشقا مەغپىرەت قىلغۇچى يوقتۇر. [بۇخارى رىۋايىتى 6306–ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن كىمكى بۇ سۆزنى ئەتتىگەندە چىن دىلىدىن دېسە، شۇ كۈنى كەچ كىرىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولسا، ئۇ كىشى جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ، كىمكى كېچىدە چىن دىلى بىلەن دېسە، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولسا، ئۇ كىشى جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ئەتتىگەن ـ كەچتە سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى دېگەن سۆزنى يۈز قېتىم دېسە، ئۇ كىشىگە ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق دېگەن كىشىدىن باشقا ھېچ كىشى قىيامەت كۈنىدە ئۇ كىشى ئېلىپ كەلگەن ئەمەلدىن ئەۋزەلرەك ئەمەل ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. [مۇسلىم رىۋايىتى 2692–ھەدىس].

ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنى كېچىدىن چايان چېقىۋالدى دېگەن ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەگەر كېچىدە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ تولۇق كەلىمىسى(قۇرئان) بىلەن ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن دېگەن بولساڭ، ساڭا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى، دېدى. [مۇسلىم رىۋايىتى 2709-ھەدىس].

ئەبۇ راشىد ھۇبرانى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەدىسلىرىڭ بولسا سۆزلەپ بەرگىن دېدىم، ئۇ قولىدىكى يازمىنى يەردە قويۇپ مۇنداق دېدى: بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ماڭا يېزىپ بەرگەن ھەدىسلەر دېدى، مەن ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ قارىسام ئۇنىڭدا: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئىي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئوقۇيدىغان زىكرلەرنى تەلىم بەرسىلە؟دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئى يوشۇرۇن-ئاشكارا ھەممىنى بىلگۈچى، ئاسمان-زېمىن ۋە ھەر شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى ھەم ئىگىسى ئاللاھ! سەندىن باشقا ھەقىقى ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، ساڭا سېغىنىپ نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلىشىمدىن ياكى بىرەر مۇسۇلمانغا يامانلىق قىلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن دېگەن بۇ سۆزلەرنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە ياتىدىغان جايغا كەلگەندە دېيىشكە بۇيرىغان. [ئىمام ئەھمەد مۇسنەدتە 6812-، تىرمىزى سۈنەندە 3529-ھەدىستە ھەسەن دەپ كەلتۈرگەن].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەتىگەندە ۋە كەچتە بۇ دۇئالارنى ئوقۇشنى تەرك قىلمايتتى: ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن دۇنيا-ئاخىرەتتە سالامەتلىك تىلەيمەن، ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن مەغپىرەت ۋە دىنىمدا، دۇنيالىقىمدا، ئائىلەمدە، پۇل-مېلىمدا ئاپىيەت، تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى يۆگىگىن، قورقۇنچىلىرىمنى خاتىرجەملىككە ئايلاندۇرۇپ بەرگىن. ئى ئاللاھ! مېنى ئالدىمدىن، كەينىمدىن، ئوڭ تەرىپىمدىن، سول تەرىپىمدىن ۋە ئۈستى تەرىپىمدىن قوغدىغىن، سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭغا سېغىنىپ ئاستى تەرىپىمدىن سۈيقەستكە ئۇچرىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى5074-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرى توپلىمدا 4239-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تاڭ ئاتقۇزغاندا: ئى ئاللاھ! سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ياشايمىز ۋە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، تىرىلىندىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر دەيتتى. كەچ قىلغان ۋاقىتتا: ئى ئاللاھ! سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ياشايمىز ۋە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، تىرىلىندىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر، دەيتتى. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى5068-ھەدىس. تىرمىزى رىۋايىتى3391-ھەدىس. نەسائى "ئەلكۇبرا"ناملىق ئەسەر 10323-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن. ئەلبانى سەھىھ دەپ تىرمىزنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 2700-ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ-سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر دېگەن

سۆزنى ھەر كۈنى يۈز قېتىم دېسە، ئۇ كىشى ئۆچۈن ئون قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ باراۋىرىدە ساۋاپ بولىدۇ، يۈز ياخشىلىق يېزىلىدۇ، يۈز خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ، شۇ كۈنى كەچ كىرگىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن شەيتاندىن ساقلىغۇچى بولىدۇ، ئۇ كىشىدىن كۆپرەك ئەمەل قىلغان كىشىدىن باشقا بىر كىشى ئۇ كىشى ئېلىپ كەلگەندىن ياخشىراق بىر نەرسىنى ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. [بۇخارى رىۋايىتى 6040-ھەدىس].

ئەبۇ ئەيياش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: كىمكى ئەتتىگەندە: بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇـسانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر دېگەن سۆزنى دېسە، ئۇ كىشى ئۆچۈن ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادىدىن بىر قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ باراۋىرىدە ئەجىر بولىدۇ، ئۇ كىشى ئۆچۈن ئون ياخشىلىق يېزىلىدۇ، ئون خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ، ئون دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ، شۇ كۈنى كەچ كىرگىچە ئۇ كىشى ئۆچۈن شەيتاندىن ساقلىغۇچى بولىدۇ، ئەگەر كەچ ۋاقتىدا دېسە، تاڭ ئاتقۇچە ئۇ كىشى ئۆچۈن شەيتاندىن ساقلىغۇچى بولىدۇ. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 5077-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە كەلتۈرگەن].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېگەن: مېنىڭ تەۋسىيەمگە قۇلاق سېلىشتىن سىزنى نېمە چەكلەپ قويىدۇ؟ سىز ئەتتىگەندە ۋە كەچتە: ئى ھەمىشە تىرىك بولغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ رەھمىتىڭ بىلەن ياردەم سورايمەن، مېنىڭ ھالىمنى پۈتۈنلەي ياخشىلىغىن ۋە مېنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ ئۆز ھالىمغا تاشلاپ قويمىغىن، دېگەن سۆزنى ئېيتىڭ دېدى. [نەسائى "ئەل كۇبرا"ناملىق ئەسەر227-نومۇرلۇق ھەدىستە رىۋايەت قىلغان. شەيخ ئەلبانى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى227- نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كەچ ۋاقتىدا: بىز كەچ قىلدۇق، بارچە پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا كەچ قىلدۇق، بارلىق ھەمدۇـسانالار ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ يەككەـيېگانىدۇر، ئاللاھنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە پۈتۈن ھەمدۇ سانالار ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. پەرۋەردىگارىم! بۇ كېچىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، ساڭا سېغىنىپ بۇ كېچىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ ھورۇنلۇقتىن، قېرىلىقنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ دوزاختىكى ئازابتىن ۋە قەبرىدىكى ئازابتىن پاناھ تىلەيمەن دەيتتى، ئەتتىگەن ۋاقتىدا بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، بارچە پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزدۇق، ھەمدۇ سانالار ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، دەيتتى. [مۇسلىم رىۋايىتى2723-ھەدىس].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئەتتىگەندە ۋە كەچتە ئۈچ قېتىمدىن: ئاللاھقا پەرۋەردىگارلىق جەھەتتە، ئىسلامغا دىن جەھەتتە ۋە مۇھەممەدئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك جەھەتتە رازى بولدۇم دېسە، ئاللاھ ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنىدە رازى قىلىدۇ. [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى18967-ھەدىس. بۇ

ھەدىسنى مۇسنەدنى تەتقىق قىلغۇچىلار سەھىھ دېگەن].

ئابدۇللاھ ئىبنى خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قۇل ھۇۋاللاھۇ ئەھەد، قۇل ئەئۇزۇ بىررەببىل پەلەق ۋە قۇل ئەئۇزۇ بىررەببىن ناسنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇش ساڭا ھەممە نەرسىگە كۇپايە قىلىدۇ. [تىرمىزى رىۋايىتى3575– ھەدىستە سەھىھ دېگەن. ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى5082–ھەدىس. ئىمام نەۋەۋي سەھىھ دەپ "ئەل ئەزكاردا" 107–بەتتە كەلتۈرگەن. ئىبنى ھەجەر ھەسەن دەپ "نەتائىجۇل ئەپكار"2–توم 345–بەتتە كەلتۈرگەن].

ئوسمان ئىبنى ئەپپان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ  مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ: كىمكى ھەر كۈنى: نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ـ زېمىندە ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر دېگەن دۇئانى ئەتىگەندە ئۈچ قېتىم ئوقۇسا كەچ كىرگىچە ئۇ كىشىگە تۇيۇقسىز بىر بالا كەلمەيدۇ، كەچتە ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە ئەتىگەنگىچە ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى5088–ھەدىس].

يەنە بىر لەپزىدە: كىمكى ھەر كۈنى ئەتىگەن ـ كەچتە: نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ـ زېمىندە ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر دېگەن دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. [تىرمىزى رىۋايىتى3388–ھەدىس. تىرمىزى: ھەسەن، سەھىھ، غەرىپ دېگەن. ئىبنى قەييىم سەھىھ دەپ"زادىل مىئاد"2–توم 338–بەتتە كەلتۈرگەن. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە كەلتۈرگەن].

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئاللاھ ماڭا كۇپايىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر دېگەن سۆزنى يەتتە قېتىم دېسە ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا كۇپايە قىلىدۇ. [ھەدىس مەرپۇ، شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى ياخشى دېگەن.

جۇۋەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى ئەتىگەندە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىدىن بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ چىقىپ كەتكەندە ئۇ ئۆزىنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان جايىدا ئولتۇرۇپ قالغان بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام چاشكا نامىزىدىن كېيىن قايتىپ كەلگەندىمۇ ئۇ شۇ ئورنىدا ئولتۇراتتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «مەن يېنىڭىزدىن چىقىپ كەتكەندىن بېرى مۇشۇنداق ئولتۇردىڭىزمۇ؟دېگەندە، ئۇ: ھەئە دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ تۆت كەلىمىنى ئۈچ قېتىم دېگەن بولسىڭىز، ئۇ كەلىمىلەر سىز ئەتىگەندىن بېرى دېگەن سۆزلەر بىلەن تارازىغا سېلىنسا ئېدى، ئەلۋەتتە بۇ تۆت كەلىمە ئېغىر كەلگەن بولاتتى: ئۇ، ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ھېسابىچە، ئەرشىنىڭ زىينەتلىرىچە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بېزەشكە يېتەرلەك

سىيالارغىچە ۋە ئۆزى مەمنۇن بولغۇچە قەدەر ھەمدۇ-ساناغا لايىقتۇر. [مۇسلىم رىۋايىتى 2692-ھەدىس].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.